# ئانام چىرايلىق

## (شېئىرلار توپلىمى)

ئىززەت غوجائابدۇللا

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

1

# ئانا

ئانامسەن مۆھتىرەم ئۇلۇغ پاسبان،
ئانامسەن جاپاكەش دىلكەش مېھرىبان.
ئانامسەن پەرزەنتىڭ ئوتىدا كۆيگەن،
ئانىنى ئۇلۇغلار ھەممىلا ئىنسان.

تىلەيمەن جان ئانا سالامەت بولغىن،
سىنىڭسىز بۇ ھايات بىزگە نەكېرەك.
سەن بىلەن كۆلىمىز بەختىمىزدۇرسەن،
ئانا دەپ سۇقىدۇ بىزدىكى يۈرەك.

جان ئانا تىلەيمەن  ئۇلۇغ ئاللادىن،
ئۆمرۈڭنى ساقلىقىڭ، شادلىقىڭنى ھەم.
ئەزىزسەن قەلبىمنىڭ تۆرىدە ئانا،
سەن ھۆرمەت بېغىمدا تەنها مۆھتىرەم.

2

# ئانام چىرايلىق

مىنىڭ ئۈچۈن كۆپ غېمىنى يەپ،
مىنى بېقىپ ئاسراپ پەپىلەپ،
جېنىم بالام ئامان بولسۇن دەپ،
دۇئا قىلغان ئانام چىرايلىق.

تىكەن كىرەر بولسا پۇتۇمغا،
كىرپىكلىرى تەييار قالقانغا،
بەختىم ئۈچۈن تەييار ھەرئىشقا،
مېھرىبانىم ئانام چىرايلىق.

بالام دېدى ئاقاردى چاچلار،
سورغا قىلدى جاپا قورۇقلار،
شۇندىمۇ يوق پەقەت ۋايساشلار،
مېھنەتكىشىم ئانام چىرايلىق.

ياشلىقنى بەردى بىزلەرگە،
گۈزەللىكى ئەكسى بىزلەردە،
قەرىزدارمىز بەرگەن سۆتىگە،
پەرۋىشكارىم ئانام چىرايلىق.

3

## قېرىنداش مېھرى

يارلانغان قەلبكە ئۆنۈملۈك دورا،
دەردىڭگە ھەرۋاقىت ئىزدەيدۇ داۋا،
سەن ئۈچۈن مېھنەتسىز تارتىدۇ جاپا،
دۇنيادا ئۇلۇغدۇر قېرىنداش مېھرى.

سەن ئۈچۈن ھەردائىم غېمىڭنى يەيدۇ،
ھەرزامان ھالىڭنى سوراپ تۇرىدۇ،
بەختلىك ياشىساڭ خوشال كۈلىدۇ،
دۇنيادا ئۇلۇغدۇر قېرىنداش مېھرى.

گەر بىر كۈن بېشىڭغا كۈلپەت كەلگەندە،
دوست ـ يارەن ھەممىسى سەندىن كەچكەندە،
قېرىنداش سەن ئۈچۈن جاپا چەككەندە،
بىلسەڭ ئۇلۇغدۇر قېرىنداش مېھرى.

**4**

## قوللىرىدا كەتمەن تۇتقان قىز

جاپالارغا باش ئەگمەي قىلچە،
ياشاپ كەلدى مەردۇ ـ مەردانە،
ھۆرمىتىممۇ شۇنچە زىيادە،
قوللىرىدا كەتمەن تۇتقان قىز.

پاكلىق ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى،
ئازدۇرالماس تۇرمۇش سىنىقى.
قايىل قىلار ھەر بىر كىشىنى،
قوللىرىدا كەتمەن تۇتقان قىز.

تەبەسسۇمى كەتمەس يۈزىدىن،
نۇر تارايدۇ ئوتلۇق كۆزىدىن،
ئۆرۈن بەردىم قەلبىم تۆرىدىن،
قوللىرىدا كەتمەن تۇتقان قىز.

ياخشىلارنى كۆرمەسلە تۇلا،
ئارقىسىدىن ھەرخىل گەپ بولا،
سەن ئۈنىڭغا قىلمىغىن پەرۋا،
قوللىرىدا كەتمەن تۇتقان قىز.

ئەمگەك بىلەن ھۆسنۈڭ تولۇنئاي،
سىنىڭ سىرداش غەمخانىڭ بولاي،
ھۆرمەت بىلەن گۈلدەستە تۇتاي،
قوللىرىدا كەتمەن تۇتقان قىز

**5**

## ئانامنىڭ باغرى

باغرىدا ياتىمەن ئانامنىڭ غەمسىز،
ئۇنىڭدا ئالەمچە ئىللىق مېھىر بار.
ھەرقانچە مۇشكىلات كەلسىمۇ باشقا،
بىلىنمەس دۇنيامۇ ماڭا قىلچە تار.

پەپىلەپ مەڭزىمگە سۆيۈشلىرىدە،
ئېھتىمال قۇياشنىڭ ھارارىتى بار.
بەختلەر قوينىغا چىللايدۇ مىنى،
ئۇنىڭدا ئانامنىڭ چەكسىز ئەجرى بار.

دۇنيانىڭ غەملىرى ئەگسە بېشىمنى،
ئانامنىڭ دۇئاسى ماڭا مەڭگۈ يار.
ئىشەنچ تولدۇ ئانام مېھرىدە،
تۈگەيدۇ غەملىرىم بارچە ئازاپلار.

**6**

## كەچۈرگىن مەنمۇ بىر ئاشىق بەندىمەن

كۆزۈڭدىن سۆيگۈڭنى سىزىپ تۇرىمەن،
سەزسەمۇ بىلمەسكە سېلىپ يۈرىمەن،
پەرۋاسىز دىمىگىن بىلىپ تۇرىمەن،

كەچۈرگىن مەنمۇ بىر ئاشىق بەندىمەن.

كەچۈرگىن مىنىڭدىن كۆيگىنىم باشقا،
ئۇنىڭدىن باشقىنى سۆيمەسمەن ئەسلا،
تاشنى تاڭغىلى بولماس تاياققا،
كەچۈرگىن مەنمۇ بىر ئاشىق بەندىمەن.

دەردىڭنى سۆزلەيسەن ئۇچۇرلار ئارا،
كۆپ ئىكەن دەردلىرىڭ يۈرىكىڭ يارا،
تىلەيسەن مىنىڭدىن پەقەتلا ۋاپا،
كەچۈرگىن مەنمۇ بىر ئاشىق بەندىمەن.

بەختىڭنى تىلەيمەن خۇشال ياشىغىن،
مىنىڭدىن مەڭگۈگە ئۈمىد كۈتمىگىن،
بەردەم بول ھەرگىزمۇ ئاھلار ئۇرمىغىن،
كەچۈرگىن مەنمۇ بىر ئاشىق بەندىمەن.

7

# كتمەن قەلبمنى تاڭمايمەن ساڭا

كتمەن قەلبمنى تاڭمايمەن ساڭا،
ئالدڭدا ئۆزۈمۇ خارلغۇمۇ يوق،
باشقغا مەنسۇپسەن مەنمۇ ئۆزگگە،
رسقنڭ ئشدا بزگە ئامال يوق.

كتمەن قەلبمنى تاڭمايمەن ساڭا،
بەختڭنى تلەپمۇ يۈرمەيمەن لكن،
بلەتتم ئۆزگگە تەۋەلكڭنى،
چدايمەن ئايرلش بولسمۇ قيىن.

كتمەن قەلبمنى تاڭمايمەن ساڭا،
ئزدمە سەن ئەمدى منى مەڭگۈگە.
زەپ شرن ئەسلمە بەرگەنتڭ ماڭا،
هكايە تۈگمەي توشتى خاترە.

**8**

# ۋاقىت ئۇ ئازاپنىڭ ياخشى دورىسى

ۋاقىت ئۇ ئازاپنىڭ ياخشى دورىسى،
ھەرئىشلار ئۇنتۇلار ۋاقىت ئۆتكەنچە.
ئۆزۈڭنى چارچىتىپ قويمىغىن دوستۇم،
كۆپ ئىشنى كۆرىمىز تېخى ئۆلگىچە.

ۋاقىت ئۇ ئازاپنىڭ ياخشى دورىسى،
ئەسلىمە بولىدۇ ھەر ئىشلار بىزگە.
جان بىلەن قوغلىشىپ ئۆتكەن شۇ ئىشلار،
مەنىسىز كۆرۈنەر بىزگە بىر كۈندە.

ۋاقىت ئۇ ئازاپنىڭ ياخشى دورىسى،
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ھەرخىل قىسمەتلەر.
خار بولغان ئەزىزمۇ بۇلار بىر كۈنى،
خوشالمۇ يۇرىدۇ ئازاپ چەككەنلەر.

ۋاقىت ئۇ ئازاپنىڭ ياخشى دورىسى،
ھەممىگە ئوخشاشلا تەقسىم بولىدۇ.

قەدىرلەپ ئۆتكۈزسەڭ ھەر بىر مىنۇتنى،
ھاياتىڭ مەنىلىك ئۆتكەن بولىدۇ.

**9**

## سىنىڭ بىلەن بەختىم پۈتۈندۈر

ھەر كۈنۈمگە ھەمراھسەن ئۆزۈڭ،
مېھىر بىلەن تىكىلەر كۆزۈڭ.
خوش قىلىدۇ دېگەن ھەر سۆزۈڭ.
سىنىڭ بىلەن بەختىم پۈتۈندۈر.

يامان كۆزلەر تەگمىسۇن بىزگە،
رىشتىمىزدىن ياساپ گۈلدەستە.
ئىشەنمەيلى دۈشمەن سۆزىگە.
سىنىڭ بىلەن بەختىم پۈتۈندۈر.

ماڭا بولغان ئىشەنچىڭ يۈكسەك،
مۇھەببەتكە لىق تولدى يۈرەك.

ئىككىمىزگە تىلەيمەن تىلەك،
سىنىڭ بىلەن بەختىم پۈتۈندۇر.

**10**

## يامان كۆزلەر تەگمىسۇن بىزگە

ئورۇن بەردىڭ ماڭا قەلبىڭدىن،
ئەزىز بىلدىڭ مىنى ھەممىدىن.
بەختلىكمەن بەرگەن مېھرىڭدىن،
يامان كۆزلەر تەگمىسۇن بىزگە.

كۆنۈپ كەتتىڭ «ئەسكى» خويۇمغا،
ئەپۇچان بوپ ھەر بىر ئىشىمغا.
بەخت قۇشى قوندى بېشىمغا،
يامان كۆزلەر تەگمىسۇن بىزگە.

ھايات يولى ئۇزۇن بىر سەپەر،
سىنىڭ بىلەن قۇچىمەن زەپەر.

ساڭا قىلچە يەتمىسۇن زەرەر،
يامان كۆزلەر تەگمىسۇن بىزگە.

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتنىشقۇچىلار : يانغىن ، ***oqugin***

www.yanghin.net www.yanghin.cn

kitab@yanghin.net admin@yanghin.net